# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي

27

دۈشەنبە

维吾尔文 7 月27日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25135 - سان بۈگۈن 4 بەت


## ئالدىنقى يەتتە ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 208% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن خۇاڭ** ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 208% ئاشقان.

ئىگىلىنىشىچە، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن «مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش»، «مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىممەت بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايون ئەللىگىرى - كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇل خەۋپ - خەتەر تولۇقلىمىسى پۇلىنى باشقۇرۇش چارىسى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلغا ئۆسۈم ياردىمى بېرىش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاتارلىقلارنى چىقارغان ھەم پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى رەنىلىك قەرز پۇلغا ماس كېلىدىغان «جىجياڭتۇڭ» «تاۋار ماركىسى قەرزى» قاتارلىق مەخسۇس تۈردىكى كەسپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشقا پائال ماسلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# قورۇلما ئۆزلۈكسىز ئەلالاشتى، كەسىپ غول تارتىپ باراقسانلىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، ياڭ شۈخەن، ۋاڭ جىن، ئەن شيۇ، جانبولات مانارېك

تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن خاس باغ - ئورمان بازىلىرىنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزارتىشتىن، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق بازىلىرىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغىچە؛ يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر كەسپىدىكى بۇلۇتتا «ئەقىل» توپلاشتىن، چوڭ تىپتىكى ياسىمىچىلىق كەسپىدە تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىشقىچە... 7 - ئايدىكى شىنجاڭ تۇپرىقىنى ئايلانسىڭىز، بارغانلا يېرىڭىزدە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدەم تىۋىشلىرىنى ئاڭلىيالايسىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا، مۇھىم نۇقتىنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا قويۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش كېرەك.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 3246 كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.0% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان. 6 - ئايدا، ئېشىش سۈرئىتى 12.2%كە يېتىپ، 2014 - يىلى 2 - ئايدىن بۇيانقى يەككە ئايلىق ئەڭ يۇقىرى ئېشىش ھەجمى يارىتىلغان.

تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، بازاردا يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن «ئەلا بولۇش»نى چۆرىدەپ ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاپ، «پۇختا بولۇش»نى چۆرىدەپ ئەۋزەل كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كرىزىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

### ئەندىزىنى ئۆزگەرتىش تېپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يولىنى ئاچتى

كىشلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان يۈك ئاپتوموبىللىرى يوق، پەقەت چاڭ ئايلىنىپ، تاسما ئارقىلىق يەتكۈزۈشلا بار ئىدى. 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئارا تۈرۈك سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىڭشىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كان قېزىش نەق مەيدانىدا پەقەت تۆتلا ئىشچى مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى.

«بۇ، بىز 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كىرگۈزگەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئايلانما چاقلىق داۋاملاشما تېخنولوگىيەلىك كۆمۈر قېزىش تۈرى بولۇپ، ئىشچىلار كاندا مەشغۇلات قىلمايدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

### كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىبارەت بۇ «مۇھىم نۇقتا»نى چىڭ تۇتايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم نۇقتا

[تەھرىر ئىزاھاتى]

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولدى. يېقىندا، گېزىتىمىز پۈتۈن تاراتقۇ خەۋەر قىلىش كىچىك ئەترىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش شەكلىدە باش تېمىلىق زىيارەتنى قانات يايدۇرۇپ، دىققەتنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ياسىمىچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ زورايتىش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئالتە جەھەتكە مەركەزلەشتۈردى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيىتىنى سىز بىلەن بىللە كۆرۈپ باقايلى.



7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى جەنۇبىي قىسىم باغچە رايونىدىكى شىنجاڭ شياڭشىڭ يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ تەييار مەھسۇلات سېخىدا، خىزمەتچى خادىملار كىسلاتادا يۇيۇلغان تىتان تاختىنى تەييار مەھسۇلات رايونىغا قويماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جىن فوتوسى

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، مۇھىم نۇقتىنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا قويۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بۇ، بىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشىمىزغا مۇھىم نۇقتىنا بەلگىلەپ بەردى، نىشان ۋە يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، بىز كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم نۇقتا»نى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

كەسىپ قۇرۇلمىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە. كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلىمى تۆۋەن، سېلىشتۇرما ئۈنۈمى ناچار بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىقنىڭ مەنبەسى، يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

## «تىيانشان شياۋگې» تېنماۋغا چىقتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز گې يوۋجۈن، جاۋ چۈنخۇا، ۋاڭ جىن، جاڭ ئاۋ، لۇ يىخەن

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تولى تىيانشان شياۋگې يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تىيانشان شياۋگې» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ نوقۇت تاللىنى پىششىقلاش سېخىدا ماشىنىلار گۈركىرەۋاتاتتى، ئىنچىكە تاللانغان دانە - دانە نوقۇتلار ماشىنىنىڭ بۇ تەرىپىدىن كىرگۈزۈلۈپ، بىر قاتار ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتۈپ، خۇش ھىد چىچىپ تۇرىدىغان نوقۇت تاللىغا ئايلىنىپ، ماشىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىۋاتاتتى.

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، بۇ شىركەتنىڭ توردا سېتىش سۇپىسىدا، تېنماۋ «ئالى ۋاڭۋاڭ»نىڭ تىلەك - تۇك قىلغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەربىر قېتىملىق زاكاز قىلىش، زاكاز قوبۇل قىلىشنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، توپ - توپ نوقۇت مەھسۇلاتلىرى بۇ يەردىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلىۋاتاتتى.

««ۋاڭۋاڭ» سايرىسا تىلەك - تۇك قىلىپ، تور سودىمىز كېتىدۇ بەكلا قىزىپ.» تولى تىيانشان شياۋگې يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لى ۋېينىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە تېنماۋ، جىڭدۇڭغا ئەمدىلا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى «ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن ئۇچرىشىش» ئۇنى ئېلېكترونلۇق سودا سېتىش ئەندىزىسىگە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلىپتۇ، شۇنداقلا «تىيانشان شياۋگې»نىڭ سېتىش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋېتىپتۇ.

«تىيانشان شياۋگې» 2019 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، شىركەت پاكىز ئىسسىق شامال بېسىمىدا پىشۇرۇش، تۆۋەن ھارارەتتە تاللاش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى تېخنولوگىيەگە ئىگە بولۇپ، نوقۇت سۈت تاللىنى، نوقۇت ئۈندۈرمىسى ئوزۇقلۇق تالقىنى، ياغدا پىشۇرۇلغان نوقۇت، ئالتۇن نوقۇت قاتارلىق ئۈچ چوڭ تۈردىكى ئون نەچچە خىل مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئاچقان ھەم يىلىغا 5000 توننا پىششىقلاش ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان.

«تولى ناھىيەسىنىڭ ساپ بولغان ھاۋاسى، سۇ مەنبەسى ۋە سۈپىتى ياخشى نوقۇت خام ماتېرىيالى بىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىشىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى» دېدى لى ۋېي.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى ئىككىنچى قېتىم ھەقسىز تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ ۋېي 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارغا قارىتا نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى ئىككىنچى قېتىم ھەقسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «چوشۇپ قالغانلارنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاش»نى قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لى پېڭشىن قىسمەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۈچىنچى تەرەپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## پروتوكول تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن قىسمەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۈچىنچى تەرەپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، پروتوكول زەنجىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پروتوكول تەرتىپىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭگى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ كاڭشىڭدا يىجالى تېببىي تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ جىنيۇ تېببىي تەكشۈرۈش ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ۋە قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىغا بېرىپ، شۇ كۈندىكى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تەكشۈرۈش سۈرئىتى، تەرتىپىنى باشقۇرۇش، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



### «كۈنلۈڭ» دېڭىزدىن تۇنجى ئۇچتى

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ قونالايدىغان ئايروپىلان AG600 دېڭىز يۈزىدە سىيرىلىپ ماڭماقتا. شۇ كۈنى سائەت 10لاردا، دۆلىتىمىز ياسىغان سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ قونالايدىغان چوڭ تىپتىكى ئايروپىلان «كۈنلۈڭ» AG600 شەندۇڭ چىڭداۋنىڭ تۆەنداۋ ئەتراپىدىكى دېڭىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دېڭىزدىن تۇنجى ئۇچۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ، AG600 ئايروپىلانىنىڭ 2017 - يىلى قۇرۇقلۇقتىن تۇنجى ئۇچۇشى، 2018 - يىلى سۇدىن تۇنجى ئۇچۇشىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئابىدە خاراكتېرلىك ئىش، بۇ يەنە كېيىنكى قەدەمدە ئايروپىلاننى دېڭىزدىن پەن تەتقىقات سىنىقى تەرىقىسىدە ئۇچۇرۇش ھەم ئايروپىلاننىڭ ئالاقىدار ئىقتىدارلىرىنى دەلىللەشكە ئاساس سالدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى زىخېڭ فوتوسى

## تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى تېز ئېشىشنى ساقلىدى

يىل ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادنى كۆزىتىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، G219 قوبۇقسار - چۆچەك - ئالاتاۋ تاشيول تۈرى (چۆچەك بۆلىكى) «قاتناش + ساياھەت» ۋە چاغانكۆل ساياھەت ئۇنۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى تۈرى نەق مەيدانىدا، قۇرۇلۇش ئاپتوموبىللىرى ئۇياقتىن بۇياققا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن بولۇپ، قايىنام - تاشقىنلىققا تولغان قۇرۇلۇش مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. تۈر مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئادەم كۈچى ئاجرىتىش - يۆتكەشنى كۈچەيتىش، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىش، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تىزىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تۈرنى دەل جايىدا، تېز ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس تەييارلاش» ئورۇنلاشتۇرمىسى - تەلىپى بويىچە، تۈر قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە، يۇقىرى ئۈنۈمدە ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ «ئاساس»ىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ تېز ئېشىشنى ساقلىدى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە قارىغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى (دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.6% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.3 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)